# ئۇيغۇر تۆركچىسىدىكى ۋە تۈركىيە تۆركچىسىدىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات

***Zulhecce ABDUREŞİT****


قىسقىچە مەزمۇنى

ماقال - تەمسىللەر مەيلى قايسى مىللەتكە تەۋە بولسۇن، ئوخشاشلا شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ۋە شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى. ھەرقايسى مىللەت ماقال - تەمسىللىرىنىڭ شۇ مىللەت خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشىنىڭ سەۋەبنى ئۇنىڭ كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ۋە ئاساس قىلغانلىقىدىن باشقا يەنە مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر، تىلىنىڭ ئىخچام، ئوبرازلىق، يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاق بولۇشى، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك، جايىدا پايدىلىنىپ، خەلق جانلىق تىلغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ماقال - تەمسىللەردە تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىلىشى ماقال-تەمسىللەرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەرقايسى مىللەت ماقال - تەمسىللىرىدە قوللىنىلغان ئىشلىتىلىشى ۋاستىلەر بىر تەرەپتىن ماقال – تەمسىللەرنىڭ تىل گۈزەللىكىنى ئاشۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئېنىقلىقا، چوڭقۇرلىقا ئىگە قىلغان. نەسىھەت تۈسىنى ئالغان شۇنداقلا پەلسەپۋىلىككە ئىگە بولغان چوڭقۇر پىكىرلەر، ئۇستىلىق بىلەن ھەرخىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، يەنى يۇمۇرلۇق ۋە ئوبرازلىق تىلدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلەنگەن بولۇپ، كىشىگە چەكسىز گۈزەللىك تۇيغۇسى ۋە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ.

مەزكۇر ماقالە ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق ماقال - تەمسىللىرى ۋە تۈرك تىلىنىڭ ماقال - تەمسىللەر لۇغىتى، شۇنداقلا نەزەرىيىۋى تىلشۇناسلىق، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق، ئىستىلىستىكا نەزەرىيەلىرى ئاساس قىلىنىپ،ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋە تۈركىيە تۈركچىسىدىكىماقال - تەمسىللەر ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئىككى مىللەتنىڭ تاللانغان تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا چۈشەندۈرۈلۈپ سېلىشتۇرۇلدى.


ئاچقۇچلۇق سۆزلەر : ماقال - تەمسىللەر، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر، پەرق ۋە ئوخشاشلىق.

# YENİ UYGUR TÜRKÇESİ VE TÜRKİYE TÜRKÇESİNDEKİ ATASÖZLERİ ÜZERİNE KARŞILAŞTIRMALI BİR İNCELEME


## Özet

Atasözleri, kökenleri ne olursa olsun, dilin önemli bir parçasıdır ve dil kültürünün önemli bir ürünüdür. Atasözleri dil ve kültür arasındaki ilişkiyi yansıtır. Aynı kökten gelen insanların sosyal aktivitelerinde ve zihinsel düşünme süreçlerinde birçok ortak kültür unsurları olduğu için, Uygur Türklerinin ve Türkiye Türklerinin atasözleri arasında da benzerlikler vardır. Bununla birlikte, Türk boylarının belirli tarihsel ve kültürel geçmişlerindeki farklılıklar nedeniyle, bu iki Türk topluluğunun atasözleri arasında farklılıklar da vardır. Bu makalede, Uygur Türklerinin ve Türkiye Türklerinin atasözleri arasındaki benzerlikler ve farklılıklar incelenmektedir. Uygur Türk atasözlerinin dili, özlü ve canlıdır. Ancak, belirli içerikler bakımından, Uygur ve Türk atasözleri farklı coğrafi, tarihî ve kültürel değerleri barındırmaktadır.

Bu makalede Türkiye Türkçesindeki atasözleri ile Yeni Uygur Türkçesindeki atasözleri ayrıntılı bir şekilde karşılaştırılmış, karşılaştırma için de “Türkçe Örnekli ve Açıklamalı Türk Atasözleri Sözlüğü” ile “Uyğurçe Maqal-Temsil Luğiti” adlı eserlerden yararlanılmıştır.


* Dr., Öğretim Görevlisi, Fırat Üniversitesi İnsani ve Sosyal Bilimler Fakültesi, Çağdaş Türk Lehçeleri ve Edebiyatları Bölümü, Elazığ / TÜRKİYE, el - mek: zulhecce327@gmail.com
ORCİD ID: https://orcid.org/0000-0003-1573-8879

**Anahtar Sözcükler:** Atasözleri, Uygur Türkçesi Türkiye Türkçesi, Benzerlikler Farklılıklar.

## A COMPARATIVE STUDY ON THE PROVERBS OF TURKEY TURKISH AND MODERN UIGHUR TURKISH


### Abstract

Proverbs, generally regarded as the essence of language, play an important role in language. It is observed that there has been a shift from a linguistic approach to a cultural approach on the study of proverbs.

The present thesis is introducing the proverbs of Uyghur and Turkish proverbs. The content includes the form characteristics and meaning characteristics and the comparison of the two nation's proverbs. Uyghur and Turkish proverbs have similar origin and linguistic characteristics. They also belong to same language system and same language group. But differences between Uyghur and Turkish proverbs also exit. That is different geography, different history customs, and different value concepts. In order to compare the proverbs in Turkish and the proverbs in Uyghur in a comprehensive way, this thesis is based on the Dictionary of Turkish Proverbs and the Dictionary of Uyghur Proverbs.


**Key Words**: Proverbs, Stylistics, Similarity and Difference.

### كىرىش سۆز

تىل - ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى مىللەت مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇھىم قوراللارنىڭ بىرى. تىلنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولغان ماقال - تەمسىللەرمۇ شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

ماقال - تەمسىللەر ئوبرازلىق تىلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، مول مەزمۇن، ئىخچام ۋە ئۆتكۈر تىل بىلەن بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە بولغان تونۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. جۈملىدىن ئۇيغۇر تۈركچىسىدىكى ماقال-تەمسىللەر ۋە, تۈركىيە تۈركچىسىدىكى ماقال - تەمسىللەرمۇ ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ۋە تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ ھەرخىل تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، ھەرخىل دۇنيا قاراشلىرى ۋە شۇ مىللەت خەلقىنىڭ مىجەز - خۇلقىنىڭ ئىخچام، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولۇپ، بۇ ئىككى تۈرك خەلقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، تۇرمۇشتىكى ھەرخىل ئادەتلىرى ۋە باشقا ھەرخىل كۆز قاراشلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋە ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنداقلا، تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ ماقال - تەمسىللىرىمۇ تۈرك تىلىنىڭ ۋە كەڭ ئوغۇز تۈركچىسىنىڭ ۋە تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ۋە تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1. ئۇيغۇرچە ماقال - تەمسىللەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

《ماقال》 ۋە 《تەمسىل》 دېگەن ئاتالغۇلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەبچىدىن تىلىمىزغا ئۆزلەشكەن بولۇپ، 《ماقال》 دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى 《سۆز، گەپ》 ، 《تەمسىل》 سۆزىنىڭ مەنىسى 《مىسال كەلتۈرۈش، ئوخشىتىش》 دېگەنلىك بولىدۇ.[1]

ماقال - تەمسىللەر مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە تۇراقلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان، تۈزۈلىشى ئىخچام، ئوبرازلىق، مەنىسى چوڭقۇر جۈملىلەر بولۇپ، خەلقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن مول مەزمۇنغا ۋە ھەرخىل شەكىلگە ئىگەدۇر. ماقال - تەمسىللەرنىڭ بۇنداق شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرىنى يورۇتۇپ، بىزنىڭ ماقال - تەمسىللەرنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ماقال - تەمسىللەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قىممەتلىك مىراس بولۇپ، ئۇ خەلق ھاياتىنىڭ قامۇسى ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى مول بولغان تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئېخىمۇ جانلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ مىللەت تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئېخىمۇ روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

《ماقال》 دېگىنىمىز جانلىق تىلدا كەڭ ئۇمۇملاشقان، ئاتا – بوۋىلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ۋە بىلىملىرىنى بىۋاستە ھالدا ئىخچام ئىپادىلەپ بېرىدىغان تۇراقلىق بىرىكمىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ماقالنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇنىڭدىكى ئوي - پىكىر ھايۋانات ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى توغرىدىن توغرا، ۋاستىلىك ئوتتۇرىغا قويىدۇ.[2] مەسىلەن :

ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە. (ئۇ)

Zaman sana uymazsa sen zamana uy. (ت)

**مەنىسى:** زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق.

《تەمسىل》 دېگەن ئاتالغۇ ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولۇپ، مىسال كەلتۈرۈش، بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ئوخشىتىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كۆچمە مەنىدە، يەنى مىسال كەلتۈرۈش بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ئوخشىتىشتىن ھاسىل بولغان تۇراقلىق جۈملە مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.[3] بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەرخىل ھادىسە ۋە تەجرىبە ساۋاقلارنى ھايۋانات ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدىغان كۆچمە مەنىدىكى ئەقلىيە سۆز تەمسىل دەپ ئاتىلىدۇ.[4] ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئوي - پىكىر ماقالغا ئوخشاش بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ، بەلكى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ قىياپەت خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ۋاستىلىك ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن :

قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق. (ئۇ)

Ağaç yaş iken eğilir.(ت)

**مەنىسى:** دەرەخ ياش ۋاقتىدا ئىگىلەر.

ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك تەرەپلەردىن چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

### 1.1 شەكىل *ئالاھىدىلىكى:*

ماقال - تەمسىللەر خەلق تىلىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ، خەلق تىلىنىڭ تاۋلىنىپ، تاللىنىپ چىققان مېغىزى. ماقال - تەمسىللەر ئوبرازلىق تىل بولۇپ، ئۇ پىكىرنى ئابستراكىت ئۇقۇم ۋە نەزەرىيىۋى چۈشەنچە ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى

---

[1] ئابدۇروپ پولات: 《ئۇيغۇرتىلىدىكى ماقال – تەمسىللەر ۋە ھىكمەتلىك سۆزلەر توغرىسىدا》 ، 《تىل ۋە تەرجىمە ژورنىلى》، 1994- يىللىق 4- سان 17- بەت.

[2] كۆرەش مەھمۇتجان رەئىسى قاتارلىقلار: 《ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى》، 2003- يىللىق 4- ئاي 1- نەشرى 314- بەت.

[3] كۆرەش مەھمۇتجان رەئىسى قاتارلىقلار: 《ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى》، 2003- يىللىق 4- ئاي 1- نەشرى 316-ب ەت.

[4] ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتىكىن: 《ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى》، 2007- يىللىق 6- ئاي 1- نەشرى 6- بەت.

كونكرت، ھېسسي ۋە جانلىق ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىخچاملىقى ھەرقانداق ئەدەبىي شەكىلدىن يۇقىرى بولۇپ، ئىنتايىن ئاز سۆز ۋە ئىخچام شەكىل بىلەن چوڭقۇر مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ماقال - تەمسىللەر ئىخچاملىقتا يەنىمۇ قىسقارتىشقا بولمايدىغان ئاخىرقى چەككە يەتكەن.[5]

1.1.1 ماقال - تەمسىللەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى ناھايىتى مۇستەھكەم بولۇپ، كۆپ قىسمى قاپىيەلىك بولغاچقا، ئۇقۇرمەنلەرگە يۈكسەك بەدىئىي زوق بېغىشلىيالايدۇ. 《قاپىيە》 دېگەن سۆز گرىكچە سۆز بولۇپ، تىلىمىزدا 《ئاھاڭداشلىق》 دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.[6] ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللەردە قاپىيىنىڭ ھەرقانداق تۈرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر تۈركچىسىدىكى قاپىيە ئورنىغا قاراپ باش قاپىيە، ئاياغ قاپىيە دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ.

باش قاپىيە: بۇ ماقال - تەمسىللەردە كۆپ ئۇچرايدىغان قاپىيە شەكلى بولۇپ، تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ بېشىدىكى سۆز ياكى بۇغۇملارنىڭ ئاھاڭداش بولۇش ھادىسىنى كۆرسىتىدۇ.

بېغى بارنىڭ، تېغى بار.

بېلى بوشنىڭ، ئېيى بوش.

بېشى ئامانىنىڭ، مېلى ئامان.

بۇ مىساللاردىكى 《بېغى》 سۆزى بىلەن 《تېغى》 سۆزى، 《بېلى》 سۆزى بىلەن 《ئېيى》 سۆزى، 《بېشى》 سۆزى بىلەن 《مېلى》 سۆزى باش قاپىيە بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل قاپىيىلىنىپ كېلىش ھادىسىسى ماقال - تەمسىللەرنى ئاھاڭدارلىققا ۋە ئاسان ئەستە قالدۇرۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان.

ئاياغ قاپىيە : ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن ماقال - تەمسىللەرنىڭ ھەر بىر بۆلىكىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنىڭ ئۆز ئارا قاپىيىلىنىپ كېلىش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇغداي تېرىساڭ بىنەمدىن،

خوش بۇلۇرسەن خاماندىن.

ئۆز ئاناڭ ئۆلدى كەلمەيدۇ،

ئۆگەي ئاناڭ ئاسان ئۆلمەيدۇ.

ئورمان بىلەن قاپلانسا سايلىق،

ئاخىرى بولىدۇ بايلىق.

ئىتنىڭ يېنىدا سۆڭەك ياتماس،

سۆڭەك ياتسا بىكار تۇرماس.

يۇقارقى مىساللاردىكى 《بىنەمدىن》 بىلەن 《خاماندىن》 ، 《كەلمەيدۇ》 بىلەن 《ئۆلمەيدۇ》 ، 《سايلىق》 بىلەن 《بايلىق》 ، 《ياتماس》 بىلەن 《تۇرماس》 قاتارلىق سۆزلەر ئۆزئارا قاپىيىلىنىپ كەلگەن. بۇ سۆزلەر ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئىككى بۆلىكىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى بولۇپ، ئۆز ئارا قاپىيىلىنىپ كەلگەن

سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، توق قاپىيە ۋە ئاچ قاپىيە دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ.

توق قاپىيە - ئۇيغۇر تۈركچىسىدىكى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولغان تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن قاپىيە بولۇپ، تۆيۈنغان ھالەتتە بولىدۇ.

بار بولسا كاۋاپ،

---

[5] ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتىكىن: 《ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى》 ،2007- يىللىق 6- ئاي 1- نەشرى 3- بەت.
[6] خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى 259- بەت.

يوق بولسا ئازاپ.

بار دەپ تۆكمەڭ،

يوق دەپ كۆيمەڭ.

بارچە ياخشى، مەن يامان

بارچە بۇغداي، مەن سامان.

بار سۆزلەيدۇ، يوق كۆزلەيدۇ.

باردا ھەركىم توق، يوقتا ئىلاج يوق.

يۇقارقى مىساللاردىكى 《كاۋاپ》 سۆزى بىلەن 《ئازاپ》 سۆزى تىل ئورنى جەھەتتىن ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ئوخشاش بولغان 《ئا》 تاۋۇشىدىن توق قاپىيە تۈزگەن. 《ئا》 تاۋۇشى تاۋۇش چىقىرىش جەھەتتىن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشى بولۇپ، بۇ ئىككىلا سۆزدە ئوخشاش قوللىنىلغان، يەنى 《ئا》 تاۋۇشى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپتىن ماسلىشىپ كېلىشى توق قاپىيەنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. 《يامان》 ، 《سامان》 سۆزلىرىمۇ ئوخشاش مۇناسىۋەتتە كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 《تۆكمەڭ》 بىلەن 《كۆيمەڭ》 ، 《سۆزلەيدۇ》 بىلەن 《كۆزلەيدۇ》 سۆزلىرىدىكى 《ئۆ》 سوزۇق تاۋۇشى تىل ئورنى جەھەتتىن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشقا، تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشقا تەۋە، 《توق》 ، 《يوق》 سۆزلىرىدىكى 《ئو》 سوزۇق تاۋۇشى تىل ئورنى جەھەتتىن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشىغا، تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشقا تەۋە.

ئاچ قاپىيە - سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئوخشاش بولمىسا ياكى جۈپلۈك تاۋۇش بولمىسا بۇنداق قاپىيە شەكلى ئاچ قاپىيە بولىدۇ. مەسلەن :

ئابدال سەمىرمەس،

ئوغرى بېيىماس.

ئاق كۆڭۈلنىڭ ئىتى ھارماس،

تونى توزىماس.

بۈگۈنكى مېھنەت ،

ياخشىلار تېپىشار ھەر يەردىن كېلىپ،

يامانلا تېپىشەر بىر يەردە تۇرۇپ.

بۇ مىساللاردىكى 《سەمىرمەس》 بىلەن 《بېيىماس》 ، 《ھارماس》 بىلەن 《توزىماس》 ، 《مېھنەت》 بىلەن 《راھەت》 ، 《كېلىپ》 بىلەن 《تۇرۇپ》

سۆزلىرى ئاچ قاپىيە شەكلىدە كەلگەن. بۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئۆزئارا ئوخشىمايدۇ. شۇنداقلا، تەركىبىدە جۈپلۈك تاۋۇش يوق.

قاپىيە يەنە ئاھاڭدارلىقنى ئاشۇرۇشتىكى ئۈنۈمدارلىقىغا قاراپ، قوش قاپىيە ۋە ئىچكى قاپىيە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

قوش قاپىيە: بىر مىسرانىڭ ئاخىرقى ئىككى سۆزى كېيىنكى مىسرانىڭ قاپىيە چۈشكەن ئاخىرقى ئىككى سۆزى بىلەن قاپىيەلىنىپ كەلگەن قاپىيە شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. مەسلەن:

سۇ ئاقىدۇ ئېقىندىن،

بالا كېلىدۇ يېقىندىن.

سۇغا سالسام سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى ،

ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى.

ئورۇق مالنى باقسا سەمرىيدۇ،

چىغىر يولنى ماڭسا كەڭرىيدۇ.

يۇقارقى مىساللاردىكى «ئاقىدۇ ئېقىندىن» بىلەن «كېلىدۇ يېقىندىن» «دەرەخ قۇرۇماس» بىلەن «ئادەم خورىماس» ، «مىسقال تۆمۈرنى» بىلەن «قالغان كۆڭۈلنى» ، «باقسا سەمرىيدۇ» بىلەن «ماڭسا كەڭرىيدۇ» دېگەن سۆزلەر ئۆزئارا قوش قاپىيە شەكلىدە كەلگەن.

ئىچكى قاپىيە: شېئىرنىڭ تۈراقلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنىڭ قاپىيىلىنىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

دىلى بۇزۇقنىڭ يېنىدىن ئۆتمە،

دىلى تۈزۈكنىڭ يېنىدىن كەتمە.

ئوخشىسا خۇدانىڭ بەرگىنى،

ئوخشىمىسا خۇدانىڭ ئۇرغىنى.

ۋىجدانلىقنىڭ قەدرىگە يەت،

ۋىجدانسىزنىڭ كۆتىگە تەپ.

يۇقىرقى ماقال - تەمسىللەردىكى تۈراقنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر ئۆزئارا قاپىيىلىنىپ كەلگەن.

بۇلاردىن سىرت، يەنە بەزى ماقال - تەمسىللەر ۋەزىن، رىتىم، قاپىيە جەھەتتىن خەلق قوشاقلىرىدەك مۇكەممەل تۈسكە كىرگەن بولۇپ، بۇ خىلدىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ئاھاڭغا سېلىنىپ خەلق ناخشىلىرىغا ئايلانغان.[7] مەسىلەن:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،

جاپانى چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

يىغىنچاقلىغاندا، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىكى قاپىيە ماقال - تەمسىللەرگە تېخىمۇ كۆپ ھاياتى كۈچ ۋە مەنە بېغىشلايدۇ. بۇنداق قاپىيىلىنىپ كېلىش ھادىسىسى ماقال – تەمسىللەرنىڭ تۈراقلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ماقال - تەمسىللەردىكى سۆزلەر تۈراقلاشقان بولۇپ، ئورنىغا مەنىداش سۆزلەرنى ياكى مەنىسى يېقىن سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. تەركىبىدىكى سۆزلەر ئورۇن تەرتىپى جەھەتتىنمۇ مۇقىم بولۇپ، ئورنىنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇشقا ياكى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ماقال – تەمسىللەر بىر كىشىنىڭ ئىجادىيىتى بولماستىن ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، قۇرۇلمىسى پۇختا، گراممातىكىلىق تۈزۈلۈشى مۇكەممەل بولىدۇ. سۆزلىرى ناھايىتى ئىخچام ۋە جىپسىلاشقان بولىدۇ، تەركىبىدىكى بىرەر سۆزنى ئېلىۋېتىشكە ياكى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: « ئەتلەس سۇغا چۆكمەس» دېگەن ماقالنى « سۇغا ئەتلەس چۆكمەس » دېگىلى بولمايدۇ. « ساپ ھاۋا تەنگە داۋا » دېگەن ماقالنى ھەرگىز « ساپ ھاۋا تەنگە شىپا » دېيىشكە ياكى «تەنگە ساپ ھاۋا داۋا » دېيىشكە بولمايدۇ. ھەتتاكى قوشما جۈملە شەكلىدە كەلگەن ماقال – تەمسىللەردىكى جۈملىلەرنىڭ ئورنىنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: « ياشلىقىڭدا ئوينىساڭ، قېرىغاندا يىغلايسەن» دېگەن ماقالنى ھەرگىز « قېرىغاندا يىغلايسەن، ياشلىقىڭدا ئوينىساڭ » دېيىشكە بولمايدۇ.

1.1.2 ماقال - تەمسىللەر بىر مىللەت تىلىنىڭ تەركىبى قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۆز ۋە جۈملىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ماقال - تەمسىللەر بەزىدە سۆز بىرىكمىسى، بەزىدە جۈملە رولىنى ئوينىيالايدۇ.

[7] قېيۇم مىجىت : «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ،1998- يىللىق 3- سان 83- بەت.

ماقال - تەمسىللەر ئايرىم تۇرغاندا، شەكىل جەھەتتىن بىر جۈملىگە تەڭ بولۇپ، جۈملە ئىگە بولغان ھەرخىل خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىگە ھازىرلىغان ھالدا ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە شەكلىدە كېلىدۇ.

ئاددىي جۈملە شەكلىدە كەلگەن ماقال - تەمسىللەر: ئاددىي جۈملە شەكلىدە كەلگەن ماقال - تەمسىللەر ئاددىي جۈملىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. ئاددىي جۈملە دېگىنىمىز سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلۈپ، تولۇق ئاياغلاشقان يەككە ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە شەكلىدۇر.[8] بۇ شەكىلدە كەلگەن ماقال - تەمسىللەرنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەر مەلۇم سىنتاكسىلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىپ تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ شەكىلدىكى ماقال – تەمسىللەرنى ئادەتتىكى ئاددىي جۈملىلەردەك جۈملە بۆلەكلىرىگە ئايرىشقا بولىدۇ.

قازاننىڭ گۇۋاھچىسى چۆمۈچ.

باشقا كەلگەندە باتۇر.

يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە.

يۇقارقى ماقال - تەمسىللەر ئاددىي جۈملىگە ئوخشاش سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلۈپ، تولۇق ئاياغلاشقان بىرلا ئوي - پىكىرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. شۇنداقلا ئاددىي جۈملىگە خاس ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولغان. ئاددىي جۈملىگە ئوخشاش جۈملە بۆلەكلىرىگە ئىگە بولغان. بىرىنچى مىسالدا بىر ئادەمگە يېنىدا تۇرغان ئادەمنىڭ گۇۋاھچى بولالايدىغانلىقىدەك بىرلا ئوي - پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، جۈملە بۆلەكلىرىگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى 《گۇۋاھچىسى》 دېگەن سۆز، خەۋىرى 《چۆمۈچ》 دېگەن سۆز، ئېنىقلىغۇچىسى 《قازاننىڭ》 دېگەن سۆز بولىدۇ.

قوشما جۈملە شەكلىدە كەلگەن ماقال - تەمسىللەر: بۇ خىلدىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى چوڭ بولۇپ، بارلىق ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللەرنىڭ 70٪ تىن كۆپرەكى مۇشۇ شەكىلدە كەلگەن بولىدۇ. قوشما جۈملە مەنە ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىلەرنىڭ قوشۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ.[9] ئاددىي جۈملىلەرنىڭ مەلۇم سىنتاكسىلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، مەلۇم قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. قوشما جۈملىلەر ئادەتتە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ باغلىنىش مۇناسىۋىتىگە قاراپ، تەڭداش قوشما جۈملە ۋە بېقىندىلىق قوشما جۈملە ۋە ئارىلاش قوشما جۈملە دەپ ئۈچكە بۆلىنىدۇ.

تەڭداش قوشما جۈملە مەزمۇنى بىر- بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ ئۆزئارا تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن قوشما جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ.[10]

ئادەم بىلگەننى ئوقۇيدۇ، توخۇ كۆرگەننى چوقۇيدۇ.

ئادەم بولمىساڭ ئەقلىڭ بىلەن، ئەخمەق بولسەن ساقىلىڭ بىلەن.

ئادەم ئەپتىدىن بىلىنەر، ئوت تەپتىدىن بىلىنەر.

ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇۋاقتىن سەمرىيدۇ.

ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

يۇقارقى ماقال - تەمسىللەردىكى جۈملىلەر تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن بولۇپ، قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىگەن. تەڭداش قوشما جۈملە شەكلىدە كەلگەن بۇنداق شەكىلدىكى ماقال - تەمسىللەر تەركىبىدىكى ھەرقايسى تارماق جۈملىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىگىسى ۋە خەۋىرى بولىدۇ. تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ بىر تۈرى بولغان قارىمۇ- قارشى مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە شەكلى ماقال - تەمسىللىرىمىزدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئەمما سالمىقى كۆپ ئەمەس. مەسلەن: ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر بېقىنىش – بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن قوشما جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق بېقىندىلىق جۈملىلەر تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر بېقىنىش - بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كېلىپ، مۇرەككەپ بىر ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.[11]

[8] كۆرەش مەھمۇتجان رەئىسى قاتارلىقلار: 《ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى》، 2003- يىللىق 4- سان 1- نەشرى 578- بەت.
[9] كۆرەش مەھمۇتجان رەئىسى قاتارلىقلار: 《ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى》، 2003- يىللىق 4- سان 1- نەشرى 602- بەت.
[10] كۆرەش مەھمۇتجان رەئىسى قاتارلىقلار: 《ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى》، 2003- يىللىق 4- ئاي 1- نەشرى 607- بەت.
[11] كۆرەش مەھمۇتجان رەئىسى قاتارلىقلار: 《ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى》، 2003- يىللىق 4- ئاي 1- نەشرى 620- بەت.

ئەل سۆيمىگەن پادىشاھتىن، ئەل سۆيگەن گاداي ياخشى.

قۇرغۇي قۇشقاچنى ماراپ بولغۇچە، مۆشۈك تۇتۇپ يەپ بوپتۇ.

بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ يەنە ئۆز ئىچىدىن قارشىلىق بېقىندىلىق قوشما جۈملە، شەرتلىك بېقىندىلىق قوشما جۈملە ۋە سەۋەپ - نەتىجىلىك مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملە دەپ تۈرلىرى بار.

قارشىلىق بېقىندىلىق قوشما جۈملە باش جۈملىدە بايان قىلىنغان ئوي - پىكىر بېقىندى جۈملىدە بايان قىلىنغان ئوي - پىكىرگە قارشى قويۇلغان بېقىندىلىق قوشما جۈملىنى كۆرسىتىدۇ. مەسلەن:

ياخشى بىلەن ياشنايسەن،

يامان بىلەن قاقشايسەن.

چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق.

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

يۇقارقى مىساللارنىڭ تەركىبىدىكى جۈملىلەر بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى مەزمۇندا ئۇتتۇرىغا قويۇلغان.

شەرتلىك بېقىندىلىق جۈملە: بېقىندى جۈملىدىكى ئوي-پىكىر باش جۈملىدىكى ئوي - پىكىرنىڭ شەرتى بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان قوشما جۈملە شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.[12]

قۇرسىقىنىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقما،

كۆزلۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت، قۇرسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى تارت.

ئەخمەققە ئارغامچا بەرسەڭ، ئېسىلىپ ئۆلەر.

شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىماس.

ئەل قوزغالسا، تەخت قوزغىلار.

يۇقارقى مىسساللاردىكى بىرىنچى جۈملىلەردە شەرت ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىككىنچى جۈملىسى باش جۈملە بولىدۇ.

سەۋەپ - نەتىجە مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق جۈملە بېقىندى جۈملىسى سەۋەپنى، باش جۈملىسى نەتىجىنى ئىپادىلەيدىغان قوشما جۈملىنى كۆرسىتىدۇ.[13] مەسلەن:

ئاتتىن يىقىلدىڭ پاختىغا يىقىلدىڭ، ئېشەكتىن يىقىلدىڭ تاختىغا يىقىلدىڭ.

ھۈنەر قىلدىڭ گۈل بولدۇڭ، بىكار يۈردۈڭ قۇل بولدۇڭ.

خان بىلەن ئېلىشساڭ بېشىڭ كېتەر.

ئارىلاش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى تەڭداش مۇناسىۋەتتە، بەزىلىرى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن قوشما جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ.[14] مەسلەن:

كۆزلۈڭ ئاغرىسا قولىڭنى تارت، قورسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى تارت.

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ يېتەرسەن مۇرادقا،

يامان بىلەن دوست بولساڭ قالۇرسەن ئۇياتقا.

بۇ مىسالنىڭ تەركىبىدىكى كىچىك تارماق جۈملىلەر بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە، چوڭ تارماق جۈملىلەر تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن بولۇپ، مۇرەككەپ بىر قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ھەممە قوشما جۈملىلەرنىڭ ئالاھىدىكلىرىگە ئىگە بولۇپ، قوشما جۈملىلەردەك ئىنتوناتسىيىدە ئوقۇلىدۇ.

---

[12] كۈرەش مەھمۇتجان رەئىسى قاتارلىقلار: 《ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى》، 2003- يىللىق 4- ئاي 1- نەشرى 622- بەت.
[13] كۈرەش مەھمۇتجان رەئىسى قاتارلىقلار: 《ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى》، 2003- يىللىق 4- ئاي 1-نەشرى 624- بەت.
[14] كۈرەش مەھمۇتجان رەئىسى قاتارلىقلار: 《ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى》، 2003- يىللىق 4- ئاي 1- نەشرى 628- بەت.

ماقال - تەمسىللەرنىڭ گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئىنتايىن پۇختا، تۈزۈلىشى ئاددىي، قىسقا ھەم ئىخچام، سۆز جۈملىلىرى راۋان بولۇپ، كۆپىنچىسى قوشما جۈملە شەكلىدە بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئېغىز تىلىغا يېقىن بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئاغزاكىيلىققا ئىگە بولىدۇ، مەسىلەن :

چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ.

بۇ ماقال خۇددى كىشىلەر بىر – بىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەكلا تۇيغۇ بېرىدىغان بولۇپ، ئېغىز تىلىغا شۇنچىلىك يېقىن.

1 .2 مەزمۇن ئالاھىدىلىكى

ئالاھىدە سۆز شەكلى بولغان ماقال - تەمسىللەر كونكرېت، روشەن، جانلىق، ئوبرازلىق ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. ماقال - تەمسىللەر شۇ ۋەجىدىن جانلىق ئوبرازى، مۇكەممەل قۇرۇلمىسى، چوڭقۇر مەنالىرى بىلەن كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالايدۇ. ماقال - تەمسىللەرنىڭ تىلى چۈشىنىشلىك، ئاممىباپ تىل بولۇپ، مەنىسىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.[15]

مەسىلەن : ۋاقتىڭ كەتتى، بەختىڭ كەتتى.

بۇ ماقال ۋاقىتنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك ئىكەنلىكى، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزسە، ئۆز بەختىنى كەتكۈزۈپ قويغانلىققا باراۋەر ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ناھايىتى ئىخچام شەكىل بىلەن چوڭقۇر مەزمۇننى ئىپادىلىگەن. بۇنداق ماقال - تەمسىللەر ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە بىر قىسمىنىلا مىسال ئېلىپ چۈشەندۈرمەكچى :

ۋاقىت – ئالتۇن ئوق.

ئەتىگە بۈگۈن پىلان تۈز.

ئاچ كۆزگە دەريا سۈيى بىر ئوتلام.

بىرىنچى مىسالدا، ۋاقىتنى ئالتۇن ئوققا ئوخشىتىش ئارقىلىق ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكىدەك، بىر كەتسە، ئوقتەك كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىدەك ھەقىقەت چۈشەندۈرۈلگەن. ئىككىنچى مىسالدا، ھەرقانداق ئىشنى پىلان بىلەن قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇنتۇۇرىغا قويغان. ئۈچىنچى مىسالدا، جانلىق ئوبرازلاردىن پايدىلىنىپ، ئاچكۆزنىڭ ھەرقانداق قىلسىمۇ تويمايدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي شارائىتىنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ماقال - تەمسىللەر مىللىتىمىزنىڭ تارىخى، مەدەنىيتى، تۇرمۇش پائالىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى، ئىجتىمائىي مۇھىتى، تەبىئىي شارائىتى، دىنىي ئېتىقادى، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.[16] مەسىلەن :

كەتمەن ئەرنىڭ قولىدا، چۆمۈچ ئاياللنىڭ.

بۇ ماقالدا ئۇيغۇرلاردا ئەرلەر ئېتىز ئىشىنى، يەنى سىرتنىڭ ئىشىنى، ئاياللارنىڭ ئۆي ئىشىنى قىلىدىغانلىقىدەك تۇرمۇش ئادىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كەتمەن ئاساسلىقى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان قورال بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا دېھقانچىلىق بىلەن شوغۇللانغانلىقىدەك ھەقىقەتنىمۇ يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ.

يەنە مەسىلەن: ناننى ئوخشاتقان تونۇرى، ئاشنى ئوخشاتقان ھۈنىرى.

بۇ ماقالدىكى نان ۋە تونۇر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇردا نان يېقىپ يەيدىغانلىقىدەك تۇرمۇش ئادىتىنى كۆرىۋالالايمىز. مەسىلەن:

موللامنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما.

بۇ ماقالدىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز.

---

15 تاھىر قاسىم: 《ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ رولى ۋە تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا》 ، 《ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ژورنىلى》 ،2002- يىللىق 2- سان 81- بەت.

16 JiangLei 《YingHanXiYudeWenHuaGuanZhaoyuDuiBi》, WuHanDaXueChuBanShe, Di3Ye

《موللا》 سۆزى ئىسلام دىنىدىكى ئەمەلنى بىلدۈرىدىغان سۆزدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە:

قەشقەرنىڭ قىشى ئاز،

سوغىقى ئەتىياز.

بۇ مىسالدىن بىز ئۇيغۇرلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان قەشقەر رايۇنىنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنى بىلەلەيمىز.

ماقال - تەمسىللەر خەلقىمىزنىڭ ھەرخىل ئارزۇلىرى، تىلەكلىرى، تۇرمۇشقا بولغان قىزىقىشى، ئىلىم - پەن، ھۈنەر-كەسىپكە بولغان قىزغىنلىقى، ئەمگەكنى سۆيۈشتەك ئېسىل پەزىلىتى، ئىنسانپەرۋەرلىك خىسلىتى قاتارلىقلار ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇبرازلىق تىل ئارقىلىق كىشىلەرگە ساۋاق ۋە مەسلىھەت بېرىدۇ. مەسلەن:

ھۈنىرى يوقنىڭ ئۈلى يوق، ئىشلىمىگەننىڭ پۈلى.

ھۈنەر ئۆگەن ئاتاڭدىن، كېرەك بولسا مىراسى.

ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكرەر. يامغۇر بىلەن يەر.

تامچە سۇ تاشنى تېشەر.

قاپاق كۆندە سۇنمايدۇ، كۈندە سۇنىدۇ.

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مىسالدا ھۈنەرلىك بولۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنى، ئۈچىنچى مىسالدا، ئەمگەك قىلىشنىڭ شەرەپلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، تۆتىنچى مىسالدا، سەۋر قىلىپ ئىشلىسە، ھامان نەتىجە چىقىدىغانلىقىدەك ھەقىقەت ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاخىرقى مىسالدا، ئىش قىلغاندا چوقۇم ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەكلىكىدەك ھەقىقەت ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا ماقال - تەمسىللەرنىڭ تارقىلىشى تېز، ساقلىنىش ۋە داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزۇن، ئەستە قالدۇرۇش ئاسان، ئىشلىتىش دائىرىسى كەڭ، ئۈنۈمى تېز بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەپلىك كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشىدا، ماقال - تەمسىللەرنى كۆپ مىقداردا ئىشلىتىدۇ. مەسلەن:

《ئۆي مۆشۈكى تالا مۆشۈكىنى قوغلاپتۇ》 دېگەندەكلا ئىش قىلىدىغۇ بۇ قېتىم .

بۇ ماقالدا كىشىلەرنىڭ ئۆز مال - مۈلكىنى قوغدىمىسا، باشقىلارنىڭ ھەرخىل يوللار بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، مال ئىگىلىرىنى خوجايىنلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويغان.

§2. تۈركچە ماقال - تەمسىللەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

تۈركىيە تۈركچىسىدىكى ماقال - تەمسىللەرمۇ ئوخشاشلا تۈرك خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ يەكۈنلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نەسىردىن خوجا ھېكايىلىرى تۈركچە ماقال - تەمسىللەرنىڭ مەنبەلىرى ئىچىدە ئەڭ مول ۋە ئەڭ چوڭى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەسىردىن خوجا 1208- يىلىدىن 1284- يىلغىچە ياشىغان تۈرك فولكلورىدىكى ئەڭ مۇھىم قەھرىمانلارنىڭ بىرى. ئۇ بىزگە ناھايىتى كۆپ ماقال - تەمسىللەر ۋە ئىدىيۇملارنى قالدۇرغان.[17]

تۈركچىدىكى Atasözleri دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئاتا - بوۋىلار ئېيتقان سۆز دېگەن مەنىدە بولۇپ، تۈركىيىدە ھەرقانداق دىئالوگ بىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ماقال - تەمسىلسىز ئېلىپ بېرىلمايدۇ.[18]

تۈركلەر بالقان رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ماقال - تەمسىللىرىنى شۇ رايۇنلاردىمۇ تارقاتقان، بىر قىسىم دۆلەتلەردىكى يەرلىك خەلقلەر تۈركلەرنىڭ ماقال - تەمسىللىرىنى ئۆز پېتىچە ئىشلەتكەن.

ماكسىم گوركى: 《ماقال - تەمسىللەر ئەمگەكچى ئاممىنىڭ پۈتۈن تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي تارىخى تەجرىبىلىرىنى مەمۇنلىك سۈرەتتە شەكىللەندۈرىدۇ. يازغۇچىنى سۆزلەرنى خۇددى مۇشتۇمنى تۈگكەندەك ئىخچام قىلىشقا ئۆگىتىدىغان

[17] http:/www.ottomansouvenir.com/Turkish – Proverbs/ Ottoman souvenir 1. sayfa
[18] http:/www.ottomansouvenir.com/Turkish – Proverbs/ Ottoman souvenir 4. sayfa

مۇنداق ماتېرىيال بىلەن تونۇشۇش كىرەك» دەپ كۆرسەتكەن.[19] مۇشۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈركىيە تۈركچىسىدىكى ماقال - تەمسىللەرمۇ ئاناتولىيە تۈركلىرىنىڭ تارىختىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى جانلىق، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسلەن :

Güneş balçıkla sıvanmaz.

مەنىسى: قۇياشنى سېغىز توپا بىلەن يۆگىگىلى بولماس. بۇ ھەقىقەتنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. بۇمۇ تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك تۇرمۇش تەجرىبىسى ھېسابلىنىدۇ.

2.1 شەكىل ئالاھىدىلىكى

تۈركىيە تۈركچىسىدىكى ماقال - تەمسىللەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا قىسقا بولىدۇ. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەپ شۇكى: تۈرك تىلىدا مۇناسىۋەتلىك ئالماشلارنىڭ (كىم، قايسى، ئاۋۇ، كىمنىڭ دىگەندەك) كەمچىل بولغانلىقىدۇر.[20] تۈركچە ماقال - تەمسىللەرنىڭ كۆپ قىسمى ئالتە سۆز ياكى ئۇنىڭدىن ئاز سۆز ياكى مۇشۇ ئۇزۇنلىقتا بولىدۇ، تۈرك تىلىدىكى ئۇرغۇ سۆزنىڭ بوغۇم سانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىسىم ياكى پېئىللارغا قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق ئۇرغۇ ھاسىل بولىدۇ. ئەمما ئۇرغۇنىڭ ئۆزگىرىشى بىردەك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە تۈرك تىلىدىكى بۇنداق ئالاھىدىلىك تارماق جۈملە ۋە جۈملە تەركىبىدىكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەڭپۇڭلىقىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.[21] مەسلەن :

Ek tohumun hasını, çekme yiyecek yasını

بىرىنچى، ئىككىنچى تارماق جۈملىلەر ئوخشاشلا بويرۇقنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل بىلەن باشلانغان. ئۇلارنىڭ بىرى بولۇشلۇق، يەنە بىرى بولۇشسىز پېئىل بولسىمۇ، ئەمما ئۇرغۇغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. تارماق جۈملىلەرنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا بىر بوغۇملۇق ئىسىملار بىلەن ئاخىرلاشقان.

تۈركىيە تۈركچىسىدىكى تىلىدىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك قىسقا بولۇشىدىن بىز ماقال - تەمسىللەرنىڭ جۈملە شەكلىدە ئاددىي جۈملە شەكلىنىڭ كۆپلىكىنى كۆرىۋالالايمىز. تۈرك تىلىدىكى ئاددىي جۈملىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاددىي جۈملىلىگە ئوخشاش بولىدۇ. مەسلەن :

Aĝaç yaş iken eĝilir.

مەنىسى: دەرەخ ياش چېغىدا ئېگىلىدۇ.

بۇ ماقالىدا ئادەمنىڭ ئەيىبىنى كىچىك ۋاقتىدا تۈزەتكىلى بۇلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

Al elmaya taş atan çok olur.

مەنىسى: قىزىل ئالمىغا تاش ئاتىدىغانلار كۆپ بولىدۇ.

بۇ مىسالدا ياخشى نەرسىگە ھەممە ئادەمنىڭ ئىنتىلىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

Bedava sirke baldan tatlıdır.

مەنىسى: بىكارغا كەلگەن ئاچچىقسۇ ھەسەلدىن تاتلىق.

بۇ ماقال بىكارلىق نەرسىگە ھەممە كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى ئىپادىلىگەن.

Bir kanatla kuş uçmaz.

مەنىسى: بىر قاناتلىق قۇش ئۇچالماس.

بۇ مىسال ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئىچكى- تاشقى ئامىلنىڭ زىچ ماسلىشىشى، ئىككى تەرەپنىڭ تەڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن بولىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدۇ .

[19] قاۋسىلقان قامىجان: 《ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنىڭ تەربىيۋى ئەھمىيىتى توغرىسىدا، 《مىراس》 ژورنىلى، 1994- يىللىق 2- سان 3-بەت.

[20] Metin Yurtbasi, A Dictionary of Turkish Proverbs, Milet Publishing Ltd; illustrated edition edition (31 Dec 1993), XII. sayfa

[21] Metin Yurtbasi, A Dictionary of Turkish Proverbs, Milet Publishing Ltd; illustrated edition edition (31 Dec 1993), XII. sayfa

Can çıkmayınca huy çıkmaz.

مەنىسى: جان چىقمۇغۇچە خۇي چىقماس.

بۇ ماقالدا ئادەمنىڭ مىجەزىنىڭ ئاسان ئۆزگەرمەيدىغانلىقىدەك ھەقىقەت يۇرۇتۇلغان.

ئادەتتە جۈملە قانچە ئىخچام بولسا شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ، مەنىسى شۇنچە ئېنىق بولىدۇ. ئىخچاملىقىقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق تىل ھادىسىسى جۈملىنى كۈچسىزلەندۈرۈۋېتىدۇ. تىلنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولغان ماقال - تەمسىللەردە بۇ نۇقتا ئېنىق گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

تۈركىيە تۈركچىسىدىكى بىر قىسىم ماقال - تەمسىللەر ئاساسەن ئىككى تولۇقلىما ئەگەشمە جۈملىدىن تەركىب تاپىدۇ.[22] بۇ خىل جۈملە شەكلى قوشما جۈملە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما جۈمللەرگە ئوخشاش خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ ۋە شۇ بويىچە تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ. مەسلەن :

Aç aman bilmez, çocuk zaman bilmez.

مەنىسى: ئاچ كەڭچىلىك قىلىشنى بىلمەيدۇ، كىچىك بالا ۋاقىتنى بىلمەيدۇ.

Çok söz yalansız,

Çok para haramsız olmaz.

مەنىسى: كۆپ سۆز يالغانسىز، كۆپ پۇل ھارامسىز بولماس.

يۇقارقى ماقاللارنىڭ بىۋاستە تەركىبلىرى تارماق جۈملىلەر بولۇپ، ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق قۇرۇلما مەركىزى بولىدۇ. بۇ تارماق جۈملىلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىش شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلار تەڭداش مۇناسىۋەتتىمۇ، بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىمۇ بىرىكىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسلەن :

Baş yarılır börk içinde,

Kol kırılır kürk içinde.

مەنىسى: باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە.

Bekârın parasını it yer, yakasını bit

مەنىسى: بويتاقىنىڭ پۇلىنى ئىت يەر، ياقىسىنى پىت.

Bıçağı kestiren kendi suyu,

Insanı sevdiren kendi huyu.

مەنىسى: پىچاقنى ئۆتكۈزگەن ئۆزىنىڭ سۈيى، ئىنساننى سۆيدۈرگەن ئۆزىنىڭ خۇيى.

Ağlarsa anam ağlar, başkası yalan ağlar

مەنىسى: يىغلىسا ئانام يىغلار، قالغىنى يالغان يىغلار.

يۇقارقى مىساللاردا ئىككى جۈملە تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن رېتىمدارلىق كۈچەيتىلگەن.

Allah kardeşi kardeş yaratmış,

Kesesini ayrı yaratmış.

مەنىسى: ئاللا قېرىنداشنى بىر ياراتقان، خالتىسىنى ئايرىم ياراتقان.

[22] Metin Yurtbaşı, **A Dictionary of Turkish Proverbs**, Milet Publishing Ltd; illustrated edition edition, İstanbul 1993, XII. s.

يەنە مىسال ئېلىپ كۆرسەك :

Allah gümüş kapıyı kaparsa, altın kapıyı açar

مەنىسى: ئاللا كۈمۈش ئىشىكنى ياپسا، ئالتۇن ئىشىكنى ئاچار.

Babamın öleceğini bilseydim,

Kulağı dolu darıya satardım.

مەنىسى: ئاتامنىڭ ئۆلىشىنى بىلسەم، بىر تاۋاق كېپەككە سېتىپ يەر ئىدىم.

Baş nereye giderse, ayak da oraya gider.

مەنىسى:باش قەيەردە بولسا، پۇت شۇ يەردە.

يۇقارقى مىساللاردىكى جۈملىلەر شەرت – نەتىجىلىك مۇناسىۋەتتە بىرىكىپ كەلگەن. بىرىنچى تارماق جۈملە شەرتنى ياكى پەرەزنى، ئىككىنچى تارماق جۈملە شەرت ۋە پەرەزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان نەتىجىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

يەنە مىسال ئالساق :

Imam osurursa, cemaat sıçar

مەنىسى: ئىمام ئۇسۇرسا، جامائەت چىچار.

بۇ ماقال باشلىقلار تۆۋەندىكىلەرگە ئۈلگە بولىدۇ دېگەن مەنە ئاڭلىتىدۇ.

Baca eğri de olsa, dumanı doğru çıkar

مەنىسى: تۇرخۇنى ئەگرە بولسىمۇ، تۈتۈنى تۈز چىقار.

Budalanın yağı çok olursa sakalına sürer

مەنىسى: ئەخمەقنىڭ يېغى كۆپ بولسا، ساقىلىغا سۈرەر.

يۇقارقى مىساللاردىكى ئالدىنقى جۈملە سەۋەبنى، كېيىنكى جۈملە نەتىجىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. مەزمۇن جەھەتتىن سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن.

قوشما جۈملىلەرگە يەنە مىسال ئالساق :

Akıl yaşta değil baştadır

مەنىسى: ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

Babadan mal kalır, kemal kalmaz

مەنىسى : ئاتىدىن مال قالىدۇ، ئىقتىدار قالمايدۇ.

يۇقارقى مىساللارنىڭ تارماق جۈملىلىرى قارىمۇ- قارشى مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن.

تۈركىيە تۈركچىسىدىكى بۇغۇملارنىڭ ئاھاڭداش بولۇپ ئورۇنلىشىشىدىن ۋە تەڭداش بۆلەكلەردىن (پاراللىزىم ) دىن قاپىيە ھاسىل بولىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان پاراللىزىم ئىچكى قاپىيە تەرىپىدىن كۈچەيتىلگەن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماقال - تەمسىللەرنىڭ شېئىرى تۈسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.[23]

تۈركىيە تۈركچىسىدىكى bir ۋەbin باش قاپىيىدە (يەنى ئالىلىراتسىيە) كېلىدىغان سۆزلەر بولۇپ، ئىنتوناتسىيە جەھەتتىنمۇ قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ھالاتتە ماسلىشىپ كېلىدۇ.[24] مەسىلەن:

Bin dost az,

---

[23] http:/www.ottomansouvenir.com/Turkish – Proverbs/ Ottoman souvenir

[24] Metin Yurtbaşı, **A Dictionary of Turkish Proverbs**, Milet Publishing Ltd; illustrated edition edition, İstanbul 1993, s. 13.

Bir düşman Çok.

مەنىسى: مىڭ دوست ئاز، بىر دۈشمەن كۆپ.

بۇ ماقال دوستۇڭ كۆپ بولسا ياخشى، ئەمما بىر دۈشمەننى ئاز كۆرمە، هامان دۈشمەنلىكىنى قىلىدۇ دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ.

Bin bilsen de bir bilene danış

مەنىسى: مىڭ ئىشنى بىلسەڭمۇ، بىرنى بىلىدىغاندىن سورا. بۇ ماقال بىر ئىشنى قىلىشتا شۇ ئىشنىڭ ئەھلىدىن سوراش كېرەكلىكىدەك مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

'Bir ağızdan çıkar.

Bin ağıza yayılır.

مەنىسى: بىر ئېغىزدىن چىقار، مىڭ ئېغىزغا يېيىلار.

Bir musibet bin nasihatten iyidir.

مەنىسى : مىڭ نەسىھەتتىن بىر مۇسىبەت ئارتۇق.

بۇ ماقال خاتا يولدا مېڭىۋاتقان كىشىگە بېرىلگەن نۇرغۇنلىغان پەندى - نەسىھەت ئۇنى ئۇز يولىدىن قايتۇرالمايدۇ، لېكىن بۇ جەرياندا بېشىغا كەلگەن بىر ئوڭۇشسىزلىق ئۇنىڭ ئويغۇنىشىغا ئاچچىق ساۋاق بولۇپ، خاتا يولدىن ياندۇرىدۇ،[25] دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ.

بۇ مىساللاردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر باش قاپىيە تۈزگەن بولۇپ، تارماق جۈملىلەرنىڭ بېشىدىكى سۆزلەر قاپىيىلىنىپ كەلگەن، يەنى bin بىلەن bir باش قاپىيە تۈزگەن.

تۈركىيە تۈركچىسىدىكى ماقال - تەمسىللەردىكى قاپىيەگە يەنە مىسال ئالساق :

Oğlan babadan öğrenir sofra açmayı,

Kız anadan öğrenir biçki biçmeyi .

مەنىسى: ئوغۇل دادىسىدىن داستىخان سېلىشنى، قىز ئانىسىدىن رەخت كېسىشنى ئۆگىنىدۇ.

Anlayana sivrisinek saz,

Anlamayana davul zurna az.

بۇ ماقال باشقىلارنىڭ گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغان ئادەمگە كۆپ گەپ قىلىش هاجەتسىز دېگەن مەنىدە قوللىنىدۇ.

Sabır acıdır,

Meyvesi tatlıdır

مەنىسى: سەۋر ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق.

يۇقارقى ماقال - تەمسىللەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر ئۆزئارا قاپىيىلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنداق ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن ماقال - تەمسىللەردىكى ئىككى بۆلىكىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى قاپىيىلىنىپ كەلگەن شەكىل ئاياغ قاپىيە بولىدۇ.

يەنە مىسال ئالساق:

Olan dört bağlar,

[25] غىلاجىدىن ئوسمان: 《تۈركچە_ئۇيغۇرچە_قازاقچە ئىزاھلىق ماقال - تەمسىللەر》 ، 《تىل ۋە تەرجىمە》 ژورنىلى 1989- يىللىق 3- سان 18- بەت.

Olmayan dert bağlar

مەنسى: رومالى بار تۆتنى يۆگەر، رومالى يوق دەرتنى يۆگەر.

بۇ ماقال بايلارنىڭ بايلىقى بار، نامراتلارنىڭ پەقەت دەردى ۋە غېمىلا بار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

Babamın öleceğini bilseydim,

Kulağı dolu darıya satardım.

مەنسى: ئاتامنىڭ ئۆلىشىنى بىلسەم، بىر تاۋاق كېپەككە سېتىپ يەر ئىدىم.

بۇ ماقال كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، قايغۇرۇش ھاجەتسىز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

Babası oğluna bir bağ bağışlamış,

Oğul babaya bir salkım üzüm vermemiş.

مەنسى: ئاتا ئوغلىغا بىر باغ بېغىشلاپتۇ،

بالا ئاتىسىغا بىر ساپاق ئۈزۈم بەرمەپتۇ.

بۇ ماقال ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە شەخسىيەتچىلىك بىلەن يامان ئىش ئارقىلىق جاۋاپ قايتۇرغان ئادەملەرگە قارىتىلغان

Balı dibinden,

Yağı yüzünden.

مەنسى: ھەسەلنى تېگىدىن، ياغنى يۈزىدىن.

بۇ مىسال ھەسەلنىڭ تىگىدىن، ياغنىڭ يۈزىدىن ياخشى - يامانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇلارنى باھالاشتا تېگى ۋە يۈزىگە قاراش كېرەك دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ.

يۇقارقى مىساللاردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر ئۆزئارا قاپىيىلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل قاپىيە ئاچ قاپىيە بولۇپ، بۇ خىل شەكىلدە قاپىيىلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئوخشاش بولمايدۇ.

يەنە مىسال ئېلىپ كۆرسەك :

Mart kapıdan baktırır,

Kazma kürek yaktırır.

مەنسى: مارت ئېيى ئىشكتىن باقتۇرىدۇ،ئوتىغۇچ گۈرجەكلەرنى ياقتۇرىدۇ.

بۇ ماقال مارت ئېيىدا يەنى ئەتىيازدا ھاۋا ئىسسىپ،دېھقانچىلىق ئىشلىرى باشلىنىدۇ دىگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ.

Sakla samanı,

Gelir zamanı.

مەنسى: ساقلىساڭ سامانىنى، كېلەر زامانى.

بۇ ماقال ھەرقانداق نەرسىنىڭ چوقۇم كېرەك بولىدىغان ۋاقتى كېلىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

Zengin arabasını dağdan aşırır,

Züğürt düz ovada yolunu şaşırır.

مەنسى: باي ماشىنىسىنى تاغدىن ئاشىرىدۇ، نامرات تۈز يولدىمۇ ئازىدۇ.

بۇ ماقال بايلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىلا ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بۇلىدىغانلىقى، كەمبەغەللەر نېمىلا ئىش قىلسا ئەپلەشمەيدىغانلىقىدەك مەنىنى ئاڭلاتقان.

Baba himmet.

Oğul hizmet.

مەنىسى: ئاتىدىن ھىممەت، ئوغۇلدىن خىزمەت.

بۇ ماقال ئاتا - ئانا بالىلىرىنى تەربىيلەيدۇ، غەمخورلۇق قىلىدۇ، بالىلار ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقارقى مىساللاردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر ئۆزئارا قاپىيىلىنىپ كەلگەن. بۇ توق قاپىيە بولىدۇ. توق قاپىيىدە قاپىيىلىنىپ كەلگەن سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق قاپىيە تويۇنغان ھالەتتە بولىدۇ.

تۈركىيە تۈركچىسىدىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ قاپىيىلىنىش شەكلىگە يەنە مىسال ئالساق :

Alçak yerde yatma sel alır, yüksek yerde yatma yel alır.

مەنىسى: پەس يەردە ياتما سەل ئالار، ئېگىز يەردە ياتما يەل ئالار.

بۇ ماقال ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ ئوخشاشلا ياخشى ئەمەسلىكىنى، بىر ئىش قىلغاندا ئاشۇرۇپ ياكى كېمەيتىپ قىلماي، نورمال بۇلۇشنى تەشەببۇس قىلغان.

Bir elin nesi var,

İki elin sesi var.

مەنىسى: بىر قولنىڭ نىمىسى بار، ئىككى قولنىڭ ئاۋازى بار.

بۇ مىسال بىر ئىشنى قىلىشتا ئىككى تەرەپ تەڭ كۈچىگەندە تېخىمۇ ياخشى قىلىغىلى بولىدىغانلىقىدەك مەنە ئاڭلاتقان. يەنى ئۇيغۇر تىلىدىكى چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ دېگەن ماقالغا ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

Cömert der maldan ederler,

Yiğit der candan ederler.

مەنىسى: سېخى دېسە مېلىدىن كەچتۈرەر، مەرد دېسە جاندىن كەچتۈرەر.

Her şeyin yenisi,

Dostun, şarabın eskisi.

مەنىسى: ھەر شەيئىنىڭ يېڭىسى، شارابىنىڭ، دوستىنىڭ كونىسى ياخشى.

يۇقارقى مىساللاردىكى قاپىيە شەكلى قوش قاپىيە بولۇپ، بۇنداق قاپىيىدە ئىككى بۆلەكنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى سۆزى ئۆزئارا قاپىيىلىنىپ كېلىدۇ. ئىككى بۆلەكتە ئوخشاش ئىككى سۆز بولغاچقا قوش قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىچكى قاپىيەگە مىسال ئالساق :

Acıkan ne yemez,

Acıyan ne demez.

مەنىسى: ئاچ نىمە يىمەس، ئاچچىقلانغان نېمە دېمەس.

Bakarsan bağ olur,

Bakmazsan dağ olur.

مەنىسى: باقساڭ باغ بولۇر، باقمىساڭ تاغ بولۇر.

Borç uzayınca kalır,

Dert uzayınca alır.

مەنسى: قەرز سوزۇلسا قالىدۇ، ئاغرىق سوزۇلسا ئالىدۇ.

يۇقىرقى ماقال - تەمسىللەردىكى قاپىيىلىنىپ كەلگەن سۆزلەر تۇراقنى تەشكىل قىلغان سۆزلەر بولۇپ، بۇنداق شېئىرنىڭ تۇراقلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا قاپىيىلىنىپ كېلىشى ئىچكى قاپىيە بولىدۇ.

تۈركىيە تۈركچىسىدىكى ماقال - تەمسىللەردىكى غەلىتە، كۈلكىلىك ۋە مۇبالىغە قىلىنغان ئىلمىنىتلار ماقال- تەمسىللەرنىڭ جەلب قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.[26] مەسلەن:

Komşunun tavuğu komşuya kaz (karısı kız) gözükür

مەنسى: قوشنىنىڭ مېكىيىنى قوشنىسىغا غاز، ئايالى قىزدەك كۆرۈنىدۇ.

Kel ölür sırma saçlı olur, kör ölür badem gözlü olur.

مەنسى: قارغۇ ئادەم بۇ دۇنيادىن كەتسە، ئۇنىڭ بادام كۆزى بار ئىدى دەيدۇ، تاز ئادەم كىتىپ قالسا، ئۇنىڭ ئالتۇندەك چېچى بار ئىدى دەيدۇ.

باشقا تىلدىكى ماقال - تەمسىللەرگە ئوخشاش، تۈركچە ماقال - تەمسىللەرمۇ ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا كۆپ قىسىم ماقال - تەمسىللەر سىنتىنسىزىم تۈسىنى ئالغان.[27] تۈركىيە تۈركچىسىدىكى ماقال - تەمسىللەر ئادەتتە قىسقا، ئىخچام، يىغىنچاق بولۇپ، ئۇلاردا مەلۇم بىر ھەقىقەت ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولىدۇ. بۇ تۈركىيە تۈركچىسىدىكى تەمسىللەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.تۈرك تىلىدىكى ماقال -تەمسىللەر مەلۇم خىل قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ بايان قىلىنىش شەكلى بولۇپ، بىزگە تۇرمۇشتا ھەرخىل مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ. مەسلىھەتلەر بەزىدە پاسسىپ ھالاتتە، يەنى ئەگىتمە يوللار ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ. ئەمما كۆپ ۋاقىتتا بىۋاستە كۆرسىتىلىدۇ.[28] بۇنىڭدىن باشقا، ئەستە ساقلاشقا ئاسان بولىدۇ. ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ 《تۈركىي تىللار دىۋانى》 تۈركچە ماقال - تەمسىللەرنىڭ تۇنجى يازما مەنبەسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ماقال - تەمسىللەر ھازىرمۇ تۈركىيىدە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.[29]

2 .2 مەزمۇن ئالاھىدىلىكى

ماقال - تەمسىللەر بولسا ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى بايان بولۇپ، كىشىلەرنى پەندى- نەسىھەت بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئەخلاق تۈزۈمىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى ۋە ناچار قائىدە-يوسۇنلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئارىسىدىكى پەلسەپە، يەرلىك قائىدە-يۇسۇنلار جەھەتلەردىكى ئوخشىماسلىقلار، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مىللىي پۇراق تۈركچە ماقال - تەمسىللەرنىڭ باشقا مىللەت ماقال - تەمسىللەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان خاسلىقىنى بەلگىلىگەن.[30] مەسلەن :

Sabır acıdır, meyvesi tatlıdır.

مەنسى: سەۋر ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق.

Uyuyan yılanın kuyruğuna basma.

مەنسى: ئۇخلاۋاتقان يىلاننىڭ قۇيرۇقىنى دەسسىمە.

Yalancının evi yanmış, kimse inanmamış

مەنسى: يالغانچىنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتسە، ھېچكىم ئىشەنمەپتۇ.

---

[26] http:/www.ottomansouvenir.com/Turkish – Proverbs/ Ottoman souvenir 6-sayfa
[27] http:/www.ottomansouvenir.com/Turkish – Proverbs/ Ottoman souvenir 7-sayfa
[28] Metin Yurtbaşı, **A Dictionary of Turkish Proverbs**, Milet Publishing Ltd; illustrated edition edition, İstanbul 1993, s. IV.
[29] http:/www.ottomansouvenir.com/Turkish – Proverbs/ Ottoman souvenir
[30] http:/www.ottomansouvenir.com/Turkish – Proverbs/ Ottoman souvenir

بۇ مىساللاردا قىيىچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، تىرىشسا، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىدەك، جىم تۇرغان ئادەمگە چېقىلماسلىقتەك، يالغانچىنىڭ گېپىگە ھېچكىمنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىقىدەك، يالغانچىلىقنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىدەك پەندى -نەسىھەتلەر ۋە يالغانچىلىقتەك يامان ئادەتلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

بىر قىسىم تۈركچە ماقال - تەمسىللەردىن قەدىمكى ۋە ھازىرقى تۈرك جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

Altının değerini sarraf bilir

مەنىسى: ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ.

Demir tavında dövülür

مەنىسى: تۆمۈرنى سۇيى يانغاندىن كېيىن سوقۇش كېرەك.

بۇ مىساللاردىن بىز تۈركلەرنىڭ قول - ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز

تۈركچە ماقال - تەمسىللەر ھازىرقى زاماندىكىلەردىن باشقا، كۆپ قىسمى ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەر بۇرۇنقى ماقال - تەمسىللەر بولۇپ، تۈركىيە ئارمىيىسى غەلىبىلىك غەرپكە يۈرۈش قىلغاندىن بۇرۇن، تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن يېزا-ئىگىلىك تۇرمۇشىغا قەدەم قويغانغا قەدەر بولغان ۋاقىت ئىچىدىكى ماقال-تەمسىللەردۇر.[31] بۇنى كۆپ قىسىم ماقال - تەمسىللەردە يېزا تۇرمۇشى ۋە يەرلىك ھايۋاناتلارنىڭ تەمسىل قىلىنغانلىقىدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. ھايۋاناتلارنى تەمسىل كەلتۈرۈش تۈركچە ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تۈركچە ماقال - تەمسىللەردە كۆپرەك ئېيىق، تۈلكە، ئېشەك، شەپەرەڭ، موزاي، تۆگە، مۈشۈك، چۆجە، خوراز، كالا، قاغا، ئىت، ئۆردەك، بۈركۈت، شۇڭقار، بېلىق، تايچاق، پاقا، ئۆچكە، غاز، ياۋا توشقان، مېكىيان، ئات، كراپخور، تۈلكە، ئوغلاق، قوي، شىر، چاشقان، قېچىر، تۆگىقۇش، كالا، چوشقا، قوچقار، يىلان، قۇشقاچ، ياۋا ئات، تاشپاقا، بۆرە قاتارلىق ھايۋاناتلار ۋە ئۇچار قۇشلار تەمسىل قىلىنىدۇ. Ottaman Souvenir ناملىق ئەسەردە ئاپتور: 《مەن ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى ماقال - تەمسىللىرى تۈرك تىلىنىڭكىدەك كۆپ بولغان يەنە بىر تىلنى ئۇچرىتىپ باقمىغان》 دېگەن[32] مەسلەن :

Karga kekliği taklit edeyim derken, kendi yürüyüşünü unutmuş

مەنىسى: قاغا ئورمان كەكلىكىنى دورايمەن دەپ، ئۆزىنىڭ مېڭىشىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

بۇ تەمسىل تۇرمۇشتا باشقىلارنى دورىماي، ئۆز كۆز قارىشى بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەكلىكىدەك مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

Aç tavuk kendini buğday ambarında görür.

مەنىسى: ئاچ توخۇ ئۆزىنى بۇغداي ئامبىرىدا كۆرەر.

بۇ تەمسىل بولسا ھەركىم ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىگە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

Aç ayı oynamaz

مەنىسى: ئاچ ئېيىق ئويىنىماس.

بۇ تەمسىل پايدىسىنى كۆرىۋاتقان ھايۋاننىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرماي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن پايدا كۆرۈشكە بولمايدىغانلىقىدەك مەنىنى ئاڭلاتقان.

Zemheride yoğurt isteyen, cebinde bir inek taşır

مەنىسى: قىشتا قېتىق ئىچمەكچى بولساڭ، كالا باق.

بۇ تەمسىل بىر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرگەندىلا شۇ نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىدەك مەنە ئاڭلاتقان.

[31] http:/www.ottomansouvenir.com/Turkish – Proverbs/ Ottoman souvenir
[32] http:/www.ottomansouvenir.com/Turkish – Proverbs/ Ottoman souvenir

Aslan yattığı yerden belli olur.

مەنسى: شىر ياتقان يەردىن (ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن) بىلىنەر.

بۇ تەمسىل بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ  دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

Balık ağa girdikten sonra aklı başına gelir.

مەنسى: بېلىق تورغا چۈشكەندە ئەقلىنى تاپار.

بۇ تەمسىل بېشىڭغا ئىش كەلگەندىلا، ئاندىن شۇ ئىشنى قىلىش يولىنى بىلىسەن  دېگەن مەننى ئاڭلىتىدۇ.

Bülbülü altın kafese koymuşlar, ah vatanım demiş.

مەنسى: بۇلبۇل ئالتۇن قەپەسكە كىرگەندە: ئاھ ۋەتىنىم دەپتۇ.

بۇ تەمسىل يەنىلا ئۆز يۇرتىنىڭ ياخشىلىقىدەك مەنە ئاڭلىتىپ كەلگەن.

يۇقارقى تەمسىللەر ئارقىلىق چوڭقۇر پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئوبرازچانلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

§3. ئۇيغۇرچە - تۈركچە ماقال - تەمسىللەرنىڭ پەرقلىرى

3.1 شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا

تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، شەكىل جەھەتتىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئىچىدە قوشما جۈملە شەكلىدە كەلگەنلىرى كۆپ سالماقنى ئىگەللىگەن بولۇپ، تۈرك تىلىدىكى ماقال - تەمسىللەر ئىچىدە ئاددىي جۈملە شەكلىدە كەلگەنلىرى كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدىغانلىقى ئېنىقلاندى.

تۆۋەندە ئۇيغۇرتىلى ۋە تۈرك تىلىدىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ جۈملە شەكلىنىڭ ستاتىستىكىسى بېرىلدى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ  جۈملە شەكلى ستاتىستىكىسى [33]

| جۈملە شەكلى | ئاددىي جۈملە | قوشما جۈملە |
|---|---|---|
| سانى | 882 | 2133 |
| نىسبىتى | 29.9٪ | 70.7 ٪ |

تۈرك تىلىدىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ جۈملە شەكلى ستاتىستىكىسى

| جۈملە شەكلى | ئاددىي  جۈملە | قوشما جۈملە |
|---|---|---|
| سانى | 3238 | 1762 |
| نىسبىتى | 64. 8٪ | 35. 2٪ |

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقال –ت ەمسىللەرنىڭ كۆپ قىسمى قوشما جۈملە شەكلىدە كېلىدۇ، تۈرك تىلىدىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاددىي جۈملە شەكلىدە  كېلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، قاپىيە پەقەت ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن ماقال - تەمسىللەردىلا كۆرۈلىدىغان ھادىسە. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقال - تەمسىللەردىكى قاپىيىلىنىش ھادىسى تۈرك تىلىدىكى ماقال - تەمسىللىرىنىڭكىدىن كۆپ.

3.2 مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا

[33]WangHongYan, ABuDuWeli, WeiHanYanYuXingShiDuiBi, ZhongYangMinZuDaXue, 2005niandi4qi,Di115ye

مەيلى ئۇيغۇر تۈركچىسىدىكى ماقال-تەمسىللەر بولسۇن، مەيلى تۈرك تىلىدىكى ماقال-تەمسىللەر بولسۇن، ئوخشاشلا ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان ماقال-تەمسىللەر ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، تەبىئىي مۇھىتىنى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، يەنە چوڭقۇر مەنە، ئوبرازلىق تىل بىلەن كىشىلەرگە پەندى-نەسىھەت قىلىدۇ ۋە توغرا يوللارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ماقال-تەمسىللەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ھەرقانداق تىلدىكى ماقال-تەمسىللەرگە ئورتاق بولىدۇ.

ماقال - تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر بولغان بولىدۇ، ئاز سۆز بىلەن چوڭقۇر مەنە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق چوڭقۇر مەنە خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن كېلىدۇ. بۇنىڭ مەنبەسى يەنىلا ئىجتىمائىي تۇرمۇش بولىدۇ. مىسالغا ئالساق :مەيلى ئۇيغۇر خەلقى بولسۇن، مەيلى تۈرك خەلقى بولسۇن، ئۇزاق تارىخى دەۋرلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ھەرقايسى مىللەت ماقال-تەمسىللىرىدە ئوخشاشلا شۇ مىللەت ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ھەققىدىكى بىلىملىرى، شۇنداقلا، كۈندىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەت قائىدىلىرى، ھەرخىل كۆز قاراشلىرى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن :

يەر ھەيدىسەڭ كۈزدە ھەيدە، كۈزدە ھەيدىمىسەڭ يۈزدە ھەيدە.(ئۇ)

Tarlada izi olmayanın harmanda yüzü olmaz.(ت)

مەنىسى: ئېتىزدا ئىزى بولمىغاننىڭ ھوسولدا يۈزى بولماس.

بۇ ماقاللاردىن بىز ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەرنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز.

ئات يۆتەلسە ئوقۇر سال، كالا يۆتەلسە پىچاق. (ئۇ)

Ak koyunun kara kuzusu da olur.(ت)

مەنىسى: ئاق قوينىڭ قارا قوزىسىمۇ بولىدۇ.

بۇلاردىن ئىككى مىللەتنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز.

ئانارنى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە. (ئۇ)

Bağa bak üzüm olsun, yemeye yüzün olsun.(ت)

مەنىسى: باغنى باق ئۈزۈم بولسۇن، يېششكە يۈزۈڭ بولسۇن.

بۇلاردىن بولسا ئىككى مىللەتنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز.

ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە (ئۇ)

Her taş, baş yarmaz.(ت)

مەنىسى: ھەرقانداق تاش باشنى يارماس. يەنى ھەر قانداق نەرسە مۇتلەق ئەمەس. توسالغۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قورقۇش ھاجەتسىز دېگەن مەنىدە.

يۇقارقى ماقال - تەمسىللەردىن ئىككى مىللەتنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىكى بار. (ئۇ)

Uyuyan yılanın kuyruğuna basma.(ت)

مەنىسى: ئۇخلاۋاتقان يىلاننىڭ قويرۇقىغا دەسسىمە. بۇ تەمسىل باشقىلارغا بېكاردىن چېقىلماسلىق كېرەكلىكىدەك مەنىنى ئاگلاتقان.

مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن. (ئۇ)

مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ. (ئۇ)

Ağaç, meyvesi olunca başını aşağı salar.(ت)

مەنسى: مىۋىسى ئوخشىسا دەرەخ بېشىنى تۆۋەن قىلار.يەنى، بىلىملىك كىچىك پېئىل كىشىلەرگە قارىتىلغان.

بۇ ئىككى مىسالدىن ئىككى مىللەتنىڭ كەمتەرلىككە بولغان قارىشىنى كۆرىۋالغىلى  بولىدۇ.

شۇنى دەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىككى خەلق ئاممىسىنىڭ ماقال – تەمسىللىرىنى سېلىشتۇرغاندا، تۈركىيە تۈركچىسىدىكى تەمسىل ماقالغا قارىغاندا كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەيدىكەن، ئۇيغۇر تۈركچىسىدىكى ماقال تەمسىلگە قارىغاندا كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. ئۇيغۇر تىلىدا ماقالنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوي - پىكرىنى كۆپ ئەھۋاللاردا ئۇدۇل يوللار بىلەن ئىپادىلەيدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى، تۈركلەردە تەمسىلنىڭ كۆپرەك بولۇشى تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى ئەگىتمە يوللار ئارقىلىق، يەنى باشقا بىرەر شەيئى ياكى ھادىسنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئىپادىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار


1.ئابدۇرۇپ پۇلات : "ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقال - تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر توغرىسىدا"، 《تىل ۋە تەرجىمە ژورنىلى 》 1994- يىللىق 4- سان.

2.ئابلەت نىياز تەرجىمىسى : "ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللەردىكى مىللىي ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ پروييېكسىيىسى" 《شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتىتى ئىلمىي ژورنىلى》 ، 1986- يىللىق 1- سان .

3.ئابدۇروسول قادىر:" ئۇيغۇرخەلق ماقال - تەمسىللەردىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر " 《شىنجاڭ ئونىۋېرسىتىتى ئىلمىي ژورنىلى》 ، 1987 - يىللىق 2- سان.

4. ئەكبەر قادىر: "ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە" 《شىنجاڭ ئونىۋىرسىتىتى ئىلمىي ژورنىلى》 ، 2002- يىللىق4- سان.

5.پەرھات ئابدۇلئەھەت: "ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋاقىت قاراشلىرى توغرىسىدا" 《قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتى ئىلمىي ژورنىلى》 ، 2007- يىللىق 2- سان.

6. پەرىدە مالىك: " ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ ئىستىلىستىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە " 《تىل ۋە تەرجىمە ژورنىلى》 2001- يىللىق3- سان.

7.تاھىر قاسىم:" ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ رولى ۋە تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا " 《شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلار تەتقىقاتى ژورنىلى 》

8.كۆرەش مەھمۇتجان رەئىسى قاتارلىقلار: 《ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى》 ،2003- يىللىق 4- ئاي 1- نەشرى 314- بەت.

9.غىلاجىدىن ئوسمان: 《تۈركچە_ئۇيغۇرچە_قازاقچە ئىزاھلىق ماقال - تەمسىللەر》 ، 《تىل ۋە تەرجىمە》 ژورنىلى 1989- يىللىق 3- سان 18- بەت.

10. قاۋسىلقان قامىجان: "ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى توغرىسىدا"، 《مىراس》 ژورنىلى، 1994- يىللىق 2- سان 3- بەت.

11. YAYLAGÜL, Ö., (2010). Divânü Lugât'it Türk'te Yer Alan Atasözlerindeki Metaforlar. M*illî Folklor,* Y. 22, S.85, s. 112-121.

12. SARAÇBAŞI, M. E.; MİNNETOĞLU, İ. (2002). *Örnekli ve Açıklamalı Türk Atasözleri Sözlüğü.* İstanbul: Bilge Kültür Sanat.

13. http:/www.ottomansouvenir.com/Turkish – Proverbs/ Ottoman souvenir

14. Metin, Y., ( 1993). *A Dictionary of Turkish Proverbs*. İstanbul :Millet Publishing Ltd; İllustrated Edition.

15.WangHongYan,ABuDuWeli, *WeiHanYanYuXingShiDuiBi*, ZhongYangMinZuDaXue, 2005niandi4qi,Di115ye

16.JiangLei,*YingHanYanYudeWenHuaGuanZhaoyuDuiBi*,WuHanDaXueChuBanShe,2000.12